السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# تاقىتىڭلار يېتىدىغان ئەمەلنى تۇتۇڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر زېرىكىپ قالمىغۇچە ئاللاھ زېرىكىپ قالمايدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندى: ھەۋلا بىنتى تۇۋەيت ئىبنى ھەبىيب ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا يېنىدىن ئۆتكەندە، يېنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار ئىدى، مەن: بۇ تۇۋەيتنىڭ قىزى ھەۋلا، كىشىلەر ئۇنى كېچىدە ئۇخلىمايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ،- دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كېچىدە ئۇخلىمايدۇ! تاقىتىڭلار يېتىدىغان ئەمەلنى تۇتۇڭلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر زېرىكىپ قالمىغۇچە ئاللاھ زېرىكىپ قالمايدۇ» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

تۇۋەيتنىڭ قىزى ھەۋلا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بۇ تۇۋەيتنىڭ قىزى ھەۋلا، ئۇ پۈتۈن كېچە ئۇخلىماي، ناماز ئوقۇيدىكەن،- دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پۈتۈن كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغانلىقىنى توغرا تاپماي: «تاقىتىڭلار يېتىدىغان ئەمەلنى قىلىڭلار» دەپ، بۇ ئايالنى كەلگۈسىدە ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ، داۋاملاشتۇرالمايدىغان، ئۆزىگە قېيىن بولىدىغان كۆپ ئەمەللەردىن توختاشقا بۇيرۇدى، ئاندىن تاقىتىمىز يېتىدىغان ئەمەلنى تۇتىشىمىزغا بۇيرۇپ: «سىلەر زېرىكىپ قالمىغۇچە ئاللاھ زېرىكىپ قالمايدۇ» دېدى، يەنى: ئاللاھ تائالا ئەمەللىرىڭلارنىڭ مىقدارىچە سىلەرگە ساۋاپ بېرىدۇ، ئەمەللىرىڭلارنى قانچىلىك داۋاملاشتۇرساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ساۋاپ بېرىدۇ، ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن زېرىكىپ، ئېچى پۇشۇپ ئۇنى ئۈزۈپ، قىلمىسا، ئاللاھمۇ ئاشۇ ئەمەلنىڭ ساۋابىنى ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ قويىدۇ، ھەقىقەتەن ئىنسانغا ئەمىلىگە قارىتا مۇكاپات-جازا بېرىلىدۇ. كىم ئەمىلىنى كېسەللىك ياكى سەپەر ئۆزرىسىسىز ئۈزۈپ قويۇپ، قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ساۋابى ۋە ئەجرى ئۈزۈلىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ ئاشكارا مەنىسىدىن "ئاللاھ زېرىكىش بىلەن سۈپەتلىنىدۇ" دەپ چۈشىنىلىدىغان زېرىكىشنىڭ مەنىسىدىكى كۈچلۈك قاراش بولۇپ، ئاللاھنىڭ زېرىكىشى بىزنىڭ زېرىكىشىمىزگە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى بىزنىڭ چارچاش ۋە ھورۇنلۇقتىن ئىچىمىز پۇشىدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ زېرىكىشى ئۆزىگە خاس، ئۇلۇغلىقىغا لايىق بولغان سۈپەت بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا چارچاش ۋە ھورۇنلۇق يەتمەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10411

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee